# ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، داۋاملىق غەيرەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش جىنباۋ ئاپتوبۇس چەكلىك شىركىتىنىڭ شوپۇرى گۇ شياڭفېڭ 2005 ـ يول ئاممىۋى ئاپتوبۇسىدا، ئاپتوبۇسقا چىقىپ ـ چۈشۈۋاتقان يولۇچىلارغا سالام بەردى، ئۇنىڭ چىرايىدە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. 2019 ـ يىلى، ئۇ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالاندى. «مەن 30 يىل ئاممىۋى ئاپتوبۇس ھەيدىدىم، ھەر كۈنى ئەتىگەن كېلىپ كەچ قايتىمەن، پەقەت كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندىلا، ئاددىي خىزمەت ئورنىدىمۇ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ».

خېلىل، گۇ شياڭفېڭغا ئوخشاش ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلاردىن يەنە سىرتقا تاماق توشۇيدىغان ۋاڭ شىڭمۇ بار. 2019 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۇ «مېيتۇەن»دە سىرتقا تاماق توشۇشنى باشلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 50 قېتىم تاماق يەتكۈزدى، بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. «گەرچە خىزمىتىم ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم تاماقنى خېرىدارلارنىڭ قولىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا ‹رەھمەت› ئېيتقىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، خىزمىتىمنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. مەن پۇختا، ئەستايىدىل بولۇپ، سىرتقا تاماق توشۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمەن» دېدى ۋاڭ شىڭ سەممىيلىك بىلەن.

## ئۈمىدنى يەردە قويماي، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ تۆھپە قوشىمىز

«نۇرغۇنلىغان ئارمانسىز، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن تۆھپە قوشقان نامسىز قەھرىمانلار ئادەتتىكى كىشىلەردەك ئاددىيلىقى بىلەن ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتنى پۈتتى.» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىللىق سۆزىنى ئاڭلاپ، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ ئەشمە بازىرى يىما كەنتىدىكى بېيىش باشلامچىسى تۇرسۇنئېلى ئابدۇرۇسۇل بەكلا ھاياجانلاندى. پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ پايدىسى بىلەن تۇرسۇنئېلى بېيىش يولىغا ماڭدى. تۇرسۇنئېلى بېيىغاندىن كېيىن يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ تېخنىكىسىنى نامرات كەنت ئاھالىلىرىگە قولمۇقول ئۆگىتىپ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ، ئۆي ئىچى ـ سىرتىنى بېزەش قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى، بۇلتۇر كىشى بېشى كىرىمى 15 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. «نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش خۇشاللىقىنى ھېس قىلدىم. مەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، چوقۇم رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بېيىش باشلامچىسلىق رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات كەنت ئاھالىسىنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەيمەن» دېدى تۇرسۇنئېلى.

«تارىم توختى، جاڭ يۈگۇ، يى مىڭپىڭلار يېڭى قورۇ تام قوپۇردى، ياسىن مەجىت يېڭى خىزمەت تاپتى...» كەنتتىكى ھەربىر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى جىمسار ناھىيەسى لاۋتەي يېزىسى لاۋتەي كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىنىڭ ياردەمچىسى، كەنتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى بەي جۈگېن بەش قولدەك بىلىدۇ. «مېنىڭ خىزمىتىم ناھايىتى ئادەتتىكىدەك، يېڭى بىر يىلدا، مەن غايە ـ ئېتىقادىمنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، جان ـ دىل بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى مۇلازىمەتچىسى بولۇپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن يۇرتداشلارنى بېيىپ ھاللىق جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەيمەن» دېدى بەي جۈگېن.

«ھەر بىر تۈرلۈك ئاددىي خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىگەنلىكنىڭ ئۆزى قالتىس ئىش قىلغانلىق». ئالتاي قاناس سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى مەھسۇلات سۈپىتى كونترول بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ خۇڭشيا مۇنداق دېدى: مېنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا 17 يىل بولدى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم، زورلۇقىنى ئوبدان بىلىمەن. «پەقەت تىرىشقاندىلا، ئاددىي خىزمەتتىمۇ قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. مەيلى قانداق كەسىپ بولسۇن، پەقەت تىرىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاددىي كىشىلەرمۇ ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولالايدۇ».

## مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىسىل سەھىپە پۈتىمىز

«رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە تىلغا ئالغان ئوت ئۆچۈرۈش يولدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سىچۈەن مۇلىدىكى 31 ئەزىمەت قەھرىماندۇر، ئۇلار بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز» دېدى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتى چۆچەك شەھىرى خېمپي يولى ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ياردەمچىسى ۋۇ خۇڭلىك. بىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋۇ خۇڭلىك خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، كۆپ قېتىملىق قان كېچىپ جەڭ قىلىش، ھايات ـ ماماتلىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈردى. «بىز باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىمىز، ئاما خەۋپ ـ خەتەردە، قىيىن ئەھۋالدا قالسىلا، بىز قەتئىي باش تارتماستىن قۇتقۇزىمىز. مەن ئىزچىل ئاددىي خىزمەت ئورنۇمدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، جاپالىق ئەجرىم بىلەن ھاياتىمنىڭ ئىسىل سەھىپىسىنى پۈتىمەن» دېدى ۋۇ خۇڭلىك.

«ئادەتتىكى كىشىلەردەك ئاددىيلىقى بىلەن ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتنى پۈتۈش». شىنجاڭ دوستلۇق(گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى تاڭ لى بۇ سۆزنى دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىدى. ئۇ تالال بازىرىدا پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا ئون يىلدەك بولدى، ئۇنىڭ ھۈنىرى ياخشى بولغاچقا، ئۇ پىشۇرغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەر خېرىدارلارنىڭ ناھايىتى ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئىشلىسەڭ ئالارسەن قاپلاپ ئاش، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسىمۇ ئاجايىپ كىشىلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېدى تاڭ لى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى ۋوگزالى يېپەك يولىدىكى مەرۋايىت نۇقتىلىق يولۇچىلار مەخسۇس رايونىدىكى يولۇچىلار ترانسپورتى خادىمى دو رۇڭلىن بۇرۇنقىدەكلا خىزمەت ئورنىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ خىزمىتى يولۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش، ياشانغان، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، ھامىلدارلار قاتارلىق ھەرىكەتتە قولايسىز يولۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك يولۇچىغا مۇلازىمەت قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ پويىزغا ئولتۇرۇشلۇق چىققاندىن كېيىنكى تەبەسسۇمىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. «مېنىڭ خىزمىتىم ئاددىي، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار، لېكىن كۆپ يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ يولۇچىلارغا ياردەم بېرەلىشىم ئاسان ئىش ئەمەس. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، قىيىنچىلىقى بار ھەربىر يولۇچىغا كۆڭۈل قويۇپ ياردەم بېرىپ، ئاددىي خىزمەت ئورنۇمدا ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىمەن» دېدى دو رۇڭلىن.

**(مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، خېي خۇڭۋېي، لۇ فېڭباۋ، شېي خۇيبىيەن، يۈ شى، خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، بى شياۋمىن، ۋېي خۇڭپىڭ، گەي يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مىڭ ۋېي يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى يىغىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيەلىك دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئەزالارنى بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ بۇرچى، ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىننى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ئېچىشقا يېتەكلىشى كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يىغىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يىغىندا سۆز قىلىش، دوكلاتقا قاراپ چىقىش، تەكلىپ يېزىش، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىنكاس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلەندۈرۈپ، مول كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركىزىي ھالقىنى ئىگىلەپ، قوش يۆنىلىشكە كۈچەشنى يىغىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يىغىننىڭ باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەھەتتە قوش يۆنىلىشكە كۈچەپ، قاراپ چىقىش، مۇزاكىرە قىلىش جەريانىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەزالىرىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، ئىسلاھاتىغا تۆرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يىغىن ئىستىلى، يىغىن ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى يىغىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق يىغىننىڭ توغرا كەيپىياتتا تولۇق، خۇشال، ئازادە كەيپىياتتا ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇتەللىپ ئۇبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۈڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇگېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاشنى تەرەققىياتنىڭ دىققەت نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزنىڭ ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك، سودا ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇپ، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەرلىك كۈچ قوشتى.

2019 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئادەتتىكى سودا شەكلى ئارقىلىق، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 107 مىليارد 40 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 54.3%ىنى ئىگىلىگەن؛ چېگرا ئاز سوممىلىق سودا شەكلى ئارقىلىق قىلىنغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 80 مىليارد 820 مىليون يۈەن بولۇپ، 41%نى ئىگىلىگەن.

قازاقىستان شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ تاشقى سودىسىدىكى بىرىنچى چوڭ ھەمراھ دۆلەت. شىنجاڭدىكى پورتلار ئاساسلىقى خام نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىدۇ، ئاساسلىقى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاياغ تۈرلىرىدىكى تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل 47 ياشقا كىرگەن ئايگۈل بىكار يۈرۈشنى خالىمايدىغان ئايال بولۇپ، ئىلگىرى قومۇل قاتارلىق جايلاردا تىجارەت قىلغانىدى. ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۇ خوتەنگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەترگۈل، ياڭاق، ئۈنىنىڭ ناھايىتى ياخشى يېمەكلىك ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. «بۇ يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئەسلىي تەمى ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان، نېمىشقا ئۆز جايىدىن ماتېرىيال ئېلىپ يۆبلىڭ قىلمايمىز؟» ئايگۈل ئىچىدە ئويلىنىپ قالدى.

سودا پۇرسىتىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئايگۈل ناھايىتى ھاياجانلاندى، دەرھال ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسى شولاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى شى ۋېنخەي بىلەن ئالاقىلەشتى. «كەنتتىكى بەزى ئاياللار ئۆيدە يا باللىرىغا قارايدۇ، يا چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشى بىر قەدەر قىيىن، ئېرىخۇن يېمەكلىك زاۋۇتىنى كەنتتە قۇرغىلى بولسا، بۇ، يېزا ئاياللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا دەل ۋاقتىدا قىلىنغان ياردەم بولاتتى» دېدى شى ۋېنخەي.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئايگۈلنىڭ ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، زاۋۇت ئۆيلىرىنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتى، ناھايىتى تېزلا يېپيېڭى زاۋۇت ئۆيى شولاق كەنتىدە قۇرۇلدى.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، تۈرلۈك يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شولاق كەنتىدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى 18 ئاچا ـ سىڭىل يېمەكلىك زاۋۇتىغا كەلدى، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئۇلار يۆبىلىڭ ياساش تېخنىكىسىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىدى.

ئايگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆتۈش جەريانىدا، ئۇ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغانلىقىنى، يېڭى شەيئىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىدى.

«ئالدى بىلەن سىرتقى قىياپىتىدىن ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى خىزمەت ۋە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىش كېرەك.» مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئايگۈل دائىم ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ ھېسسىيات ئالماشتۇردى، يەنە دائىم يىغىلىشنى نۆۋەتلىشىپ خادىملارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆپچىلىككە ياسىنىشنى ئۆگەتتى، ئۇلارغا ئائىلە چىقىمىنى تەقسىملەشنى ئۆگەتتى، بەزىدە يەنە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا يېڭى كىيىم ئېلىپ بەردى.

«ئىلگىرى خىزمىتىم يوق، كىرىمىم يوق بولغاچقا، ئۆيدە باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، ھازىر خىزمىتىم بار بولدى، يەنە نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىم، مەن ھازىر سېخ مۇدىرى بولدۇم.» ئىلگىرىكى نامرات ئاھالە سۇلتانگۈل ھوشۇرنىياز بۈگۈنكى كۈندە ھەر ئايدا 3000 يۈەن مائاش ئالالايدىغان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، يېمەكلىك زاۋۇتىدا يۆبىڭنىڭ سېتىلىش مىقدارى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى، مەھسۇلات ئۈرۈمچى ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى، سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ غەيرىتى بارغانسېرى ئاشتى، كۆپچىلىك ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە زاۋۇتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى.

ئىپارگۈل ھازىر دورىلىق چايىنى بەك بازارلىق دەپ قاراپ، زاۋۇت ئۆيلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كېلەر يىلى بىر دورىلىق چاي تۈرىنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى بەردى؛ يۆبلىڭ ئۈستىسى ئاينۇر مەمەت يۆبىڭنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى بەردى. «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ كاللىسى بارغانسېرى ئېچىلىپ كەتتى، دائىم ماڭا بەزى ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىدۇ، دورىلىق چاي ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش ياخشى تەكلىپ بولۇپ، مەن خىزمەت ئەترىتى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن يولغا قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن. يۆبىڭنىڭ تۈرى توغرىسىدا، مەن يېڭى قېلىپ زاكاز قىلىشقا باشلىدىم، مال كەلگەندىن كېيىنلا دەرھال ئىشلەپچىقىرىشنى سىناپ باقىمىز» دېدى ئايگۈل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

قاتناش ساقچىسى لىيۇ جېنجى:

# چارنى بۇسۇپ ئۆتكەن ئاپتوموبىلنى پىداكارلىق بىلەن توسۇپ، 300 نەچچە مېتىر سۆرىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇش



لىيۇ جېنجېنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لۇ چاڭ)** 2018 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭ شەھەرلىك قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسى چىڭمىڭدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، چاۋياڭ رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سەنئەتكارلىرى قاتناش ساقچىسى لىيۇ جېنجېنىڭ مىس ھەيكىلىنى ياساپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بېيجىڭ شەھەرلىك قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسى چاۋياڭ تارماق ئەترىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ ئەترىتىگە تەقدىم قىلىپ، ئۇنى ھايات ۋاقتىدا كۆرەش قىلغان جەڭگىۋار كوللېكتىپقا قايتۇرۇپ كەلدى... بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ مىس ھەيكەل چوڭ ئەترەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى يىغىن زالىغا قويۇلدى، چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش كۈنىدە چوڭ ئەترەت گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى مەدھىيەلەيدۇ، ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

لىيۇ جېنجى، 1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، بېيجىڭ شەھىرى داشىڭ رايونىدىن، 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرتىپ باشقارمىسى بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ تاڭگۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، شۆبە ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان. 1997 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش لىيۇ جېنجىغا مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، شۇ يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يولداش لىيۇ جېنجىنى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىغان.

ۋاقىتنى 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچقۇرۇنغا سۈرسەك، لىيۇ جېنجى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىش يولىدا تۇغۇلغان كۈن تورتى سېتىۋېلىپ، ئوغلىنىڭ توققۇز ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. ئەمما، ئۇ ئىشخانىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئەترەتكە «بىردەمدىن كېيىن ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىن ئۆتىدۇ!» دەپ تېلېفون كەلگەن. لىيۇ جېنجى ئادەم يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ئىككىلەنمەيلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولغا چىقىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى ئىلتىماس قىلغان.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 8دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋەزىپە ئۆتەش ئاپتوموبىل ئەترىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتكەن. لىيۇ جېنجى بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ تاڭگۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ نۆل كىلومېتىرلىق جايىغا ھوشيارلىق نەزەرى بىلەن كۆز تىككەن، تۇيۇقسىز، بىر شالى ماركىلىق قىزىل پىكاپ قائىدىگە خىلاپ ھالدا تەتۈر يۆنىلىشتە مېڭىپ، يان يولدىن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا بۆسۈپ كىرىپ، ئاپتوموبىل ئەترىتىگە ئەگىشىپ ماڭماقچى بولغان. خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، لىيۇ جېنجى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، پىداكارلىق بىلەن رولنى چىڭ تۇتقان ھەممىدە يۇقىرى ئاۋازدا: «ئاپتوموبىلنى توختات! ئاپتوموبىلنى توختات!» دەپ ۋارقىرىغان. ئەمما، شۇ دەقىقىدە غالجىرلاشقان قارا نىيەت ماي كىلاپاننى كۈچەپ دەسسىگەن، شالى ماركىلىق پىكاپ ئوڭ ـ سولغا چايقىلىپ داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭغان.

لىيۇ جېنجى رولنى باشتىن ـ ئاخىر قويۇۋەتمىگەن. 50 مېتىر، 100 مېتىر، 200 مېتىر... ئۇ پىكاپقا ئېسىلىپ قالغان، پىكاپ ئۇنى سۆرىگىنىچە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەرگەن. غالجىرلاشقان قارا نىيەت پىكاپنى ھەيدەپ لىيۇ جېنجىنى 302 مېتىر سۆرىگەندىن كېيىن، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىش پولات تاختىسىغا قاتتىق سوققان...

«لىيۇ جېنجى يىقىلدى، قانغا مىلىنىپ يىقىلدى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يىقىلدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىش ئورنىدا يىقىلدى! ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىششىقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىللە بولىدىغان سەپداشلىرىغا ‹خوش› دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، ھەتتا سۆيۈملۈك ئوغلىغا ‹تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن› دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى...» لىيۇ جېنجېنىڭ بىر خىزمەتدىشى ئۇنى ياد ئېتىپ مۇنداق دېدى: «ئەتىيازنىڭ سوغۇق ئاشۇ كېچىسىدە، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئەترىتىدىكى 55 سەپدىشى شەپكىسىنى ئېلىپ سۈكۈتتە تۇرۇپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا نەق مەيداندا تىتىلىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ساقچى كىيىمىنى بىردىن بىردىن تەردى. ئايرىش پولات تاختىسىدىن ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ جېنجېنىڭ قېنى ۋە چاچلىرىنى قىرىپ ئالدى...»

ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى مۇنداق دېدى: جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، لىيۇ جېنجى قاتناش باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيدى، كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلدى، مەدەنىي مۇلازىمەت قىلدى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولدى، ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى، «ھايات ـ ماماتلىق ئاخىرقى پەيتتە، ئۇ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن خەلق ساقچىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشنى تاللاپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)